# 10551 ـ تۇنجى پەيغەمبەر ۋە تۇنجى ئەلچى توغرىسىدا

**سوئال**

مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم: ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرمۇ؟ ئەگەر ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى پەيغەمبەر بولمىسا، ئۇنداقتا تۇنجى پەيغەمبەر كىم ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى پەيغەمبەردۇر. سەھىھ ھەدىستە: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: ئادەم ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەرمۇ؟ دەپ سورالغاندا، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ھەئە ئۇ تۇنجى پەيغەمبەر» دېگەن، ئىبنى ھىببان بايان قىلغان سەھىھ ھەدىس.

لېكىن ئادەم ئەلەيھىسسالام تۇنجى ئەلچى ئەمەس، شاپائەت توغرىسىدا سۆزلەنگەن ھەدىستە: «ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەن ئاللاھ تائالانىڭ زېمىن ئەھلىگە ئەۋەتكەن تۇنجى ئەلچىسىسەن دېگەن».

بۇ ھەدىس نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇنجى ئەلچى ئىكەنلىكىنىڭ ئوچۇق دەلىلىدۇر.

ئەمما ئادەم ئەلەيھىسسالام ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ تۇنجىسىدۇر.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى 1 ـ توم 317 ـ بەت.